# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ISTIQLAL

ئىيۇل 2023 (ئومۇمىي 36 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر











# خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىقنى داۋاملىق كۈچەيتمەكتە

Istiqlal TV




ئاتالمىش «تېررورغا زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش»، «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش» دېگەن ناملار بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي رېجىمى 30-ئىيۇن سىنلىق يىغىن ئېچىپ، ئاتالمىش «ياز پەسىللىك ئامانلىق ساقلاش بويىچە زەربە بېرىش، تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەگرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 30-ئىيۇن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ج خ نازارىتى بىر تۇتاش سىنلىق يىغىن ئېچىپ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى يىغىنىنىڭ تەلەپلىرىنى ئۆگەنگەن. ئارقىدىن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياز پەسىللىك ئامانلىق ساقلاش بويىچە زەربە بېرىش، تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەرىكىتى»گە سەپەرۋەر قىلغان.

يىغىندا «قانۇنغا خىلاپ گەۋدىلىك جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى تازىلاشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، قىلچە يول قويماسلىق پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ، تېز، توغرا، قاتتىق زەربە بېرىش، نۇقتىلىق رايونلارنى چارلاپ كونترول قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئاپشاركا بىلەن چارلاش قېتىم سانى ۋە سالمىقىنى زورايتىش كېرەك» دېگەنلەر تەكىتلەنگەن.

خىتاي رېجىمى يىغىندا يەنە ئاتالمىش «مىليون ساقچى ئون مىليون ئائىلىگە كىرىش» نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق

ئورۇن، نۇقتىلىق كەسىپلەرنى چىڭ كۆزلەپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى كەڭ كۆلەمدە بىرمۇبىر تەكشۈرۈش، شەھەر-يېزا تۇتاشقان جاي، ئۆزى سىلىۋالغان ئۆي، ئەشيا ئوبوروتى كەسپى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، يوشۇرۇن خەۋپىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈگىتىش قاتارلىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

خىتاي رېجىمى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل ناملار بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولسا، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئىزچىل ھالدا ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش» قاتارلىق باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە ۋە بۇ خىل ناملار ئارقىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا، قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ يەنە ئاتالمىش «ئاپتونوم رايوننىڭ ياز پەسىللىك ئامانلىق ساقلاش بويىچە زەربە بېرىش، تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەرىكىتى»نى كۈچەيتىشنى تەكىتلىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىدىغانلىقىدىن، باستۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



بۇندىن 14 يىل بۇرۇنقى 5-ئىيۇلدا يۈز بەرگەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش ۋە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىش خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا يىغىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى لەپىلدەتكىنىچە، خىتاينىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىكى ۋەھشىيانە باستۇرۇشىغا ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى شوئارلارنى توۋلاشتى. نامايىشتا 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىسپاتلىق سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكات كۆتۈرۈلۈپ، مەيدانغا يىغىلغان مۇخبىرلارغا خىتاينىڭ قانلىق باستۇرۇشى نامايان قىلىندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئالدى بىلەن بايانات ئوقۇدى. ئۇ باياناتىدا ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان شاۋگۇەن قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تىنچ نامايىش قىلغانلىقىنى، ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ خەلقنى قانلىق باستۇرغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭمۇ بۇ جىنايەتكە كۈچ چىقارغانلىقىنى، بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى ۋە شۇنداقلا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توسۇشقا، خىتاي تەھدىتىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن IHH ياشلار شۆبە رەئىسى مۇھەممەد جىھادچەلىك، خەلقئارا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى رەئىسى نىجاتى جەيلان، دىيانەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىستانبۇل شۆبە رەئىسى ئەلى شۇكۇر يىلماز، خەلقئارا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ، ئاقىنجىلار ھەرىكىتى جەمئىيىتىدىن مەھمەت شاھىن، ئۈمىد كارۋىنى ۋەقفى رەئىسى جامال چىنار، يېڭىدىن رەفاھ پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبە رەئىسى جەمىل جەدىت قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. يىغىلىشتا يەنە ئۇيغۇر قىزى رەشىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى بالىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇپ، تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى.

ئاخىردا ئىفام ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئېھسان شەنئوجاق ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ نەق مەيدان تارقىتىشىغا قاتنىشىپ، كۆرۈرمەنلەرگە، نامايىشچىلارغا خىتاب قىلدى. ئۇ سۆزلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇنچە ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاستىدىمۇ، خىتايغا باش ئەگمەي قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى مەدھىيەلىدى ۋە شەرقىي

تۈركىستان خەلقىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

نامايىش سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىرلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 14 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەنقەرەدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىلىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ژۇرنالىستلار ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى سېپىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان شەخسلەر ئىشتىراك قىلدى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ھەر يىلقىدەك 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى نامايىش ۋە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلىدى. جۈملىدىن شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، خىتاينىڭ ئىستوكھولمدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەپ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

4-ئىيۇل خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەنقەرەدىكى ۋەكىلى ئابدۇلھەمىد پامىرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەنقەرەدىكى نيۇپارك مېھمانخانىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا ساھىبقىران ئىستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور فاتىھ قوجا ئوغلى، ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ۋە شائىر، يازغۇچى مۆھتەرەم شاھىن قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

شۇنداقلا 5-ئىيۇل ئەنقەرەدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفى، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى ۋە شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقى بىلەن، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

5-ئىيۇل يەنە ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى كاپىتال رىفلېكتىنىڭ كۆلى بويىدا ۋە ۋاشىنگتوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا بىرلا ۋاقىتتا 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇنداقلا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئۇندىن باشقا، مالايشىيادىكى مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاينىڭ مالايشىيادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش تەشكىللىدى ۋە نامايىش ئاخىرىدا خىتاي ئەلچىخانىسىغا نارازىلىق مەكتۇپى سۇنۇپ، خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا چاقىردى.




# خىتاي جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ب د ت دا جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى

خىتاي رىجىمى جەنۋەدە ئاتالمىش «خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق تەشۋىقات يىغىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى چەكلەش قاتارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 53-نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلغان پەيتتە، خىتاي رىجىمى 3-ئىيۇل جەنۋەدىكى دۆلەتلەر سارىيىدا ئاتالمىش «خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئىدىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق ساختا تەشۋىقات يىغىنى تەشكىللىگەن.

يىغىندا لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى لى لياڭ سۆز قىلىپ: «بەزى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرى دائىم كىشىگە ‹شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ بىردىنبىر سالاھىيىتى ئاجىزلار توپى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئېزىلگۈچىلەر› دېگەندەك بىر خىل خاتا تۇيغۇ بېرىدۇ، لېكىن مەن شىنجاڭدا كۆرگەن ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئەكسىچە» دەپ بىلجىرلىغان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» خىتاي تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى خىتاي تىل فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ دېڭكېمۇ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ: «خىتاي دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ئەدلىيە، ھۆكۈمەت، مائارىپ، ئاخبارات ۋە نەشرىيات، رادىيو-تېلېۋىزىيە، تور ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەلىرىدە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ناسىرجان ئىبراھىم يىغىندا يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ: «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشقا

ئورۇنلىشىشى پۈتۈنلەي ئەركىن، ئۇلارنىڭ كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكى بار، شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلگەن بىر پەيتتە، خىتاي رېجىمى بىر تەرەپتىن ب د ت دىكى تۈرلۈك مۇنبەرلەردىن پايدىلىنىپ، جىنايەتلىرىنى يوشۇرماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسان ھەقلىرى ئۇقۇمىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە، تېررور سىياسىتىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.




قىرغىزىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىللىرى خىتاينىڭ تەكلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولغان بولۇپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى قىرغىزىستان بىخەتەرلىك خادىملىرىغا ئاممىنى كونترول قىلىش، باستۇرۇش ۋە ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» تاكتىكىلىرى ھەققىدە دەرس بەردى.

Eurasianet تورىنىڭ 7-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، قىرغىزىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇئاۋىن مىنىستىر ئوكتيياب ئۇرمامبېتوف باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 19-ئىيۇندىن 23-ئىيۇنغىچە شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولغانلىقى ۋە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئەسلەتمە ئىمزالىغانلىقى، مەزكۇر كېلىشىمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ قىرغىزىستان بىخەتەرلىك خادىملىرىنى تەربىيەلەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

مەزكۇر خەۋەردە يەنە، قىرغىزىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىتايدىن تېخىمۇ ياخشى نازارەت قىلىش دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا كۆرسىتىلىشىچە، قىرغىزىستان بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق نازارەتنى رەقەملەشتۈرۈشتىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ساقچىلارنىڭ ئۈچقۇچىسىز ئايروپىلان ئىشلىتىپ، خەلقنى

نازارەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى، شۇنداقلا ئاتالمىش «دىنىي ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ جەريانىدا قوللانغان ھەرىكەت ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان.

خىتاي رېجىمى يەنە قىرغىزىستان ھەيئىتى ئۈچۈن ئاتالمىش «توپىلاڭ»نى كونترول قىلىش مانېۋىرى تەشكىللەپ، ئالاھىدە قىسىم تارماق ئەترىتىنىڭ خىزمىتى، شۇنداقلا ئاممىۋى تەرتىپ مۇلازىمىتى ۋە «توپىلاڭ» جەريانىدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتكەن.




ئەنقەرەدە «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش» تېمىسىدا خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەشكىللىگەن بولۇپ، يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار، ئاكادېمىكلار، ژۇرنالىستلار، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر ئىشتىراك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى رەئىسى دوكتور رىشات ئاباس، ئامېرىكا تىنچلىق ئىنستىتۇتىدىن سكوت ۋوردىن، ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات ئاگېنتلىقىدىن بىراين ۋوگت، ئامېرىكا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى مەسلىھەتچىسى لىبەيلى خانىم، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا قاتارلىقلار ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنى بىر نەچچە بۆلۈمگە بۆلۈنۈپ داۋام قىلغان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر، ئاكادېمىكلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئۇيغۇر كىملىكى، تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش تىرىشچانلىقلىرى قاتارلىق تېمىلار بويىچە دوكلات بەردى.




ئەنقەرەدە «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش» تېمىسىدا خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 9-ئىيۇل يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر مەركىزىدە كۈتۈۋالدى.

يىغىلىشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ، خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق تەتقىقاتچىلار، ئاكادېمىكلار، ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر ئىشتىراك قىلدى.

زىياپەتتە مېھمانلار ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن كۈتۈۋېلىندى. چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئۇيغۇر تائام كۈلتۈرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى، بىناكارلىق مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتى تونۇشتۇرۇلدى.

زىياپەتكە ئىشتىراك قىلغان مېھمانلار خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى قۇرۇپ چىققان شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر مەركىزىدە زىيارەتتە بولغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەققىدىكى يىغىنغا قاتنىشىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر مەركىزىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

زىياپەت ئاخىرىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، بىرلىكنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈلتۈرى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر مەركىزى»نى قۇرۇپ چىققىنىدەك، تۈرلۈك يىغىلىش، پائالىيەت ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىلىشىغا ھەر ۋاقىت كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە داۋاملىق چىقىرىدىغانلىقىنى، باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقىمۇ ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان كۈلتۈر مەركىزىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 2019-يىلى قۇرۇپ چىققان

بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا خىتاي مەدەنىيىتىنى دەسسىتىش رەزىل پىلانىغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا يوقىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار، خۇسۇسەن ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئۇنتۇلدۇرماسلىق ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان. مەزكۇر مەركەز قۇرۇلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە تۈركىيەدىكى ۋە خەلقئارادىكى ئۇيغۇر كۈلتۈرى تەتقىقاتچىلىرى، مۇهاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئۇيغۇر تەشكىلات رەهبەرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا مەركەزدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلمەكتە.




تىبەتلەرنىڭ مەنىۋى داهىيسى دالاي لاما يېقىندا خەلقئارا جەمئىيەتكە خىتايدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، خىتاينىڭ رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايدىغانلىقى ئاشكارىلىغان.

هىندىستان ۋاقىت گېزىتى 8-ئىيۇل بۇ هەقتە خەۋەر بېرىپ، دالاي لامانىڭ هىندىستاننىڭ دېهلى ۋە لاداخ زىيارىتىدىن ئىلگىرى دارامسالادىكى تاراتقۇلارغا خىتاي تەرەپنىڭ رەسمىي ياكى غەيرى رەسمىي تەرىقىدە ئۆزى بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغانلىقىنى ئېيتقان.


ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ هەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، دالاي لاما 6-ئىيۇل 88 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى هىندىستاننىڭ شىمالىدىكى هىماچال پرادېش ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونى دارامسالادىكى تۇرالغۇسىدا تەبرىكلىگەن. يۈزلىگەن قوللىغۇچىلار ۋە سۈرگۈندىكى تىبەتلەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان. دالاي لاما 1959-يىلى تىبەتتىن هىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن بۇيان دارامسالادا تۇرغان ۋە بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ سىياسىي پائالىيەت مەركىزى قىلغانىدى.

دالاي لاما ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى سۆهبىتىدە مۇخبىرنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان سۆهبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «بىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايمىز، بىز نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى

خىتاينىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە قېلىشنى قارار قىلغان ئىدۇق» دېگەن.

دالاي لاما مۇخبىرغا يەنە: «نۆۋەتتە خىتايدا ئۆزگىرىش بولدى، خىتاي تەرەپ رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مەن بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى» دېگەن.

دالاي لاما يەنە ئېنىق قىلىپ: «مەن دىيالوگنى ئەزەلدىن رەت قىلمىغان. نۆۋەتتە خىتاي يەنە تىبەت خەلقىنىڭ روھىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتاي مەن بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن سۆھبەتكە تەييار» دېگەن.




ئون يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ، ھىندىستاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇر نۆۋەتتە خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستان دائىرىلىرى ئادۋوكاتنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 12-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتى مۇھەممەد شافى لاسسۇ ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «نۆۋەتتە ئۈچ ئۇيغۇر يېڭى تۈرمىگە يۆتكەلدى، مەن تۈرمە دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ ئاكا-ئۇكىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان بولساممۇ، ئەمما ئۇلار مېنىڭ بۇ بالىلار بىلەن ئالاقىلىشىشىمغا يول قويمىدى» دېگەن.

ئۇ مۇخبىرغا يەنە ساقچىلار ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-ئۇكىنى ھۆججەت ۋە پاسپورتسىز ساياھەت قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ «جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى»غا ئاساسەن، ھەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم تۇتۇپ تۇرۇش ھۆكمىنى يېڭىلاش ئارقىلىق ھازىرغىچە تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-ئۇكىنىڭ ھىندىستاندا سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى، بۇ ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-ئۇكىنىڭ جامىمۇ كەشمىر يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنغانلىقىنى، بۇ دېلونىڭ تېخىچە تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئادۋوكات مۇخبىرغا يەنە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇساپىرلارغا

تۇتقان مۇئامىلىسىنى تەنقىد قىلىپ، ھىندىستان دائىرىلىرىنىڭ ئافغانىستانلىقلار ۋە بىرمالىقلارنىڭ ھىندىستاندا قېلىشىغا يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-ئۇكىنى يەنىلا خىتاينىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن تۈرمىدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرلىرى ھىندىستاننىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن ھىندىستاندا تۈرمىگە تاشلانغان ئۈچ ئۇيغۇرنى قايتا-قايتا سورۇشتە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا مەسئۇل ئەمەلدارى مىناكشى گانگۇلى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە ۋە ئۇلارنى جىنايەتچى دەپ قاراشتىن ساقلىنىشقا چاقىرغان.

مۇھەممەد شافى لاسسونىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادۋوكاتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار ئورگىنى بىلەن ئالاقىلاشقان ۋە ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ھەمدە مەزكۇر ئۈچ ئۇيغۇرغا پاناھلىق تىلەشتە ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھېچقانداق ئىجابىي جاۋاب ۋە ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن.




ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ھەربىي تۈزۈمدە تەربىيەلەۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەندىشە ۋە دىققەت قوزغىماقتا.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت 12-ئىيۇل ھەمبەھىرلىگەن سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رىجىمى باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى بىر تۇتاش ھەربىي فورما كەيدۈرۈپ ھەربىي تۈزۈمدە تەربىيەلىگەن. باللار يېشىغا ماس كەلمىگەن تەرىقىدە قاتتىق ھەربىي تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر سىندا باللارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپلا تۇرغان. سىنلاردا كۆرۈلگەن خىتايچە خەتلەردە ئاتالمىش «شىنجاڭ، ئۈرۈمچى»

دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەزكۇر باللار ھەربىي لاگېرىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ئىچىنىشلىق يېرى مەزكۇر لاگېردا قىزلارمۇ بار بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى قىز باللارمۇ ھەربىي لاگېردا خىتاي باشقۇرغۇچىلار ئالدىدا دوكلات قىلىش، قەسەم بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا مەجبۇرلانغان. ئۇندىن باشقا، «جاپاغا چىداش، تاۋلىنىش» دېگەنگە ئوخشاش رەسمىي ھەربىي گازارمىلاردا كۆز چېقىلىدىغان جۈملىلەرنىڭ باللار ھەربىي لاگېرىدا كۆزگە چېلىقىشى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىكەن.

خىتاينىڭ پىلانلىق تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان باللار يوشۇرماستىن ئاتا-ئانا ۋە ئائىلىسىنى سېغىنغانلىقىنى، ئائىلىدىكى تاماقلارنىڭ بۇ يەردىكى تاماقلاردىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

بىر سىندىكى سەككىز ياش ئەتراپىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزغا خىتاي كوماندىرىنىڭ قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقى، قىزنىڭ تىك تۇرۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا ھەربىي دوكلات ۋە قەسەم بېرىشى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بولۇپ، ئۇ: «دوكلات! ئىسمىم سەبىرە، كەلگۈسىدە قانداق خەتەرگە دۇچ كېلىشىمدىن قەتئىينەزەر، بارلىق كۈچۈم بىلەن خەتەرگە ئاتلىنىپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىمەن. مېنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» دېگەن سۆزلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا قايتا-قايتا سۆزلەشكە مەجبۇر بولغان.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا قاتتىق دىققەت قوزغىغان مەزكۇر سىنلارغا ئوخشىمىغان ئىنكاسلار بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، «ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قانچىلىغان قاتتىق تاياق، ئۇرۇش، تېپىكلەر، قوپال مۇئامىلەلەرگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق. خىتايلار يۈرەك پارىلىرىمىزنى بىزگە قارشى ئىشلىتىش ئۈچۈن تەربىيەلىمەكتە. بۇلار ئىچىدە مېنىڭ بالامۇ، سىزنىڭ بالىڭىزمۇ بولۇشى مۇمكىن...» دېگەندەك ئىنكاسلار يېزىلغان.



كانادا ھۆكۈمىتى نايك بىلەن سۇلالە ئالتۇن كان شىركىتىنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلغانلىقى سەۋەبلىك تەكشۈردى.

ب ب س نىڭ 12-ئىيۇل خەۋەر قىلىشىچە، كانادانىڭ سودا ئەخلاقىنى نازارەت قىلىش ئورگىنى نايك شىركىتى بىلەن سۇلالە ئالتۇن كان شىركىتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ پايدا ئالغانلىقى توغرىسىدا ئەيىبلەنگەن خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر تەكشۈرۈش ھەرىكىتى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مەزكۇر شىركەتلەر ھەققىدە سۇنغان ئەرزلىرىگە ئاساسەن باشلانغان. نايك شىركىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى، دەپ ئەيىبلەنگەن شىركەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى بىلدۈرگەن. سۇلالە ئالتۇن كان شىركىتى بولسا، بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ شىركەت رايوندىكى تىجارەتلىرىنى توختىتىپ، رايوندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇ دۇنياغا داڭلىق خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەبلىك تۇنجى قېتىم ئەيىبلىنىشى ئەمەس بولۇپ، نايك، زارا، يۇنىكلو، ۋولكىسۋاگېن قاتارلىق كۆپلىگەن شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك، كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلمەكتە.




گېرمانىيە تارىختىكى تۇنجى قېتىملىق خىتاي ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھاياتلىق يولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاننالىنا بايېربوك 13-ئىيۇل گېرمانىيە تارىخىدىكى تۇنجى «خىتاي ئىستراتېگىيەسى»نى ئېلان قىلىپ، تەيۋەن بوغۇزىدىكى تىنچلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، تەيۋەننىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە قاتنىشىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە تەيۋەن بوغۇزىنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ھاياتلىق يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ياۋروپانى خىتاينىڭ سودا ساھەسىدىكى مەجبۇرلاش

قىلمىشىغا قارشى ئىنتىپاقلىشىشقا چاقىرغان.

گېرمانىيە ئېلان قىلغان «خىتاي ئىستراتېگىيەسى» ھۆججىتى 64 بەت بولۇپ، بۇنىڭدا تەيۋەن ئون قېتىمدىن ئارتۇق تىلغا ئېلىنغان. ھۆججەتتە ئالدى بىلەن ئاتالمىش «بىر خىتاي سىياسىتى»نىڭ خىتاي دىپلوماتىيەسىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ پەقەت خىتاي بىلەنلا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغانلىقى، ئەمما تەيۋەن بىلەنمۇ نۇرغۇن ساھەدە قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ۋە كېڭەيتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.


گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ھۆججەتتە يەنە دېموكراتىك تەيۋەننىڭ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا كەسپىي قاتنىشىشىنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ھەمدە ب د ت كاتىبات باشقارمىسىدىن تەيۋەن پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ب د ت ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىشىنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان.

ھۆججەتتە تەيۋەن بوغۇزىنىڭ بىخەتەرلىكى رايون ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى تىنچلىق ۋە مۇقىملىقتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى، گېرمانىيەنىڭ ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى پەقەت تىنچلىق ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇش بىلەنلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقى، ھەربىي توقۇنۇشنىڭ گېرمانىيە ۋە ياۋروپانىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

«خىتاي ئىستراتېگىيەسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاننالېنا بايېربوك بېرلىن ئەقىل ئامبىرى «مېركاتور خىتاي تەتقىقات مەركىزى»دە قىلغان سۆزىدە تەيۋەن بوغۇزىدىكى جىددىيلىككە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى يۈك پاراخوتلىرىنىڭ يېرىمىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ماشىنا، يېمەكلىك ۋە دورا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ، يەنى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھاياتلىق لىنىيەسىنىڭ تەيۋەندىن ئۆتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئەگەر تەيۋەندە توقۇنۇش يۈز بەرسە، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.







16-ئىيۇل ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى زالىدا «ئۈمىد تەربىيەلەش پروگراممىسى»نىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «ئۈمىد مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەت سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفى، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تۈركىيەدىكى تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا (LGS) يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى.

پائالىيەت شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللامنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. پائالىيەتكە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىم، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۆچقۇن، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى ئابدۇرېھىم دۆلەت، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم، ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەئىسى روشەن ئابباس خانىم، ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى ئابدۇلھەكىم ئىدرىس، توكيو ئىجتىمائىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى مۇھەممەد رەشىد ئالاز، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى پروفېسسور، دوكتور خالىد بەيدۇن، سىيەر نەشرىياتى باش مۇھەررىرى مۇھەممەد ئەلى ئەلئىئوغلى قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. ھەممە ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنى ئىلمىي ساھەدە كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتىكى دەۋردىكى جىددىي ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، بارلىق ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

پائالىيەتتە بۇ يىل تۈركىيە تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا 488 نومۇر ئالغان ئىككى ئوقۇغۇچى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئالما خاتىرە كومپيۇتېرى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا HP خاتىرە كومپيۇتېرى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا سامسۇڭ تاختا كومپيۇتېرى مۇكاپات بېرىلدى. ئۇنىدىن باشقا، ئىمتىھاندا 400 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان 34 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە مىڭ لىرادىن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى.

تەقدىرلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق، ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۇستاز ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي، ئوقۇ ئۇيغۇر مەكتىپىدىن سۇبھىنۇر

خانىم، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن، سۇتۇق بۇغراخان قىزلار قۇرئان كۇرسى مۇدىرى رەنا ئۇيغۇر خانىم، يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان قاتارلىقلار تارقىتىپ بەردى.




شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي رېجىمى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش ئارقىلىق، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئارقىلىق ختاينى كونترول قىلىش» ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى.

خەلقئارا تېز خەۋەرلىرى تورىنىڭ 17-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ختاي ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى ئەيىبلەش ھەرىكىتىنى «شىنجاڭ ئارقىلىق ختاينى كونترول قىلىش» ھەرىكىتى دەپ جار سالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي رېجىمى غەرب ئەللىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى ھەرىكەتنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»: «قانۇنىي مېخانىزم ئارقىلىق تەنقىدكە قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە تاشقى كۈچلەر بىلەن ئاكتىپ كۈرەش قىلىمىز» دەپ بىلجىرلىغان.

ختاي رېجىمى يەنە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئىلگىرى ئالداپ كەلگىنىدەك، بۇ قېتىم يەنە شەرقىي تۈركىستانغا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش، ساختا تەشۋىقات كىنولىرى ۋە ناخشىلىق فىلىملەرنى ئىشلەش ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىش ئارقىلىق، غەرب ئەللىرىنىڭ تەنقىدلىرىگە قارشى تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن.




ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ كۆپ سانلىقلار پارتىيەسى رەھبىرى چاك شۇمېر خىتاي ياسىغان ئەپيۇن تۈردىكى دورا - فېنتانىل ھەققىدە قانۇن لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينى جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، چاك شۇمېر 16-ئىيۇل پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدىغان دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇق قانۇنىغا بىر تۈزىتىش لايىھەسى كىرگۈزۈپ، ئەپيۇن تۈردىكى دورا - فېنتانىل ئىشلەپچىقىرىشقا چېتىلغان خىتاي شىركىتىگە جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، نەچچە ئونمىڭلىغان ئامېرىكىلىق خىتاي ئىشلەپچىقارغان فېنتانىلنى زىيادە ئىستېمال قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان بولۇپ، شۇمېر بۇ ھەقتە خىتاينى كۆپ قېتىم ئەيىبلىگەن. ئۇ بۇ دورىنىڭ خىتايدىكى بىر ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىن كەلگەنلىكىنى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ ئەھۋالنى تولۇق ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

شۇمېر نيۇيوركتىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «مەن يېقىندا پارتىيە ھالقىغان قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇ لايىھە فېنتانىلنى مۇداپىئە قانۇنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭغا چېتىلغان خىتاي شىركەتلىرىنى جازالاش ھوقۇقى بېرىش قاتارلىق ئاساسلىق قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ھەپتە بۇ قانۇن لايىھەسىنى پالاتاغا ئېلىپ كىرىمىز» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى 6-ئايدا خىتاينىڭ تۆت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ۋە سەككىز شەخس ئۈستىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە ئەرز سۇنۇپ، ئۇلارنى فېنتانىل ياساشتا ئىشلىتىلگەن ئىلگىرىكى خىمىيەلىك ماددىلارنى قانۇنسىز ئېلىپ-سېتىش بىلەن ئەيىبلىگەنىدى. ئەيىبنامىدە ئامېرىكىنىڭ ئاغرىق توختىتىش دورىسى

ئۇچۇن خىمىيەلىك دورا ئىشلەپچىقارغان خىتاي شىركىتى ئۇستىدىن تۇنجى قېتىم ئەرز قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى.

ئۇچ ئايرىم تۈردە ئەيىبلەنگەن خىتاي شىركەتلىرى مېكسىكىدىكى سىنالوئا زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىغا ئالدىن خىمىيەلىك دورا ساتقان، ھەتتا مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرى ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرى بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئامېرىكا ۋە كاناداغا بىخەتەر يەتكۈزۈلۈشىگە يول ئاچقان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ فېنتانىل بىلەن زەھەرلەشكە ئۇرۇنغان بولۇپ، بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئامېرىكىدا پاناھلىنىۋاتقان بىر ئۇيغۇر فېنتانىل بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغان.

ئىستانبۇلدا پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ رەئىسى ئابدۇسەمى خوتەن بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئاللىبۇرۇن قارا قولىنى سۇنغان بولۇپ، خىتايغا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن فېنتانىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان خىروئىن، نەشە، مۇزسىمان زەھەر قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ياش ئوغۇل-قىزلار ئارىسىدا تارقاتقان. نەتىجىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى خىتاينىڭ دامىغا چۈشۈپ، زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان. بۇ خىل زەھەرگە خۇمار قىلىنغان كىشى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زەھەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا ئويلايدىكەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاستە تاللىمايدىكەن.

ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، نۆۋەتتە تۈركىيەدە 30 غا يېقىن ئۇيغۇر ياش زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئېغىر خۇمار بولغانلارنىڭ سانى 20 گە يېقىن ئىكەن. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدىن بىر قىز، ئۈچ ئوغۇل خىتاينىڭ قارا قولى بولغان زەھەر سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان.



پاكىستاندىكى بىر تۈركۈم ئۆلىمالار ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت خىتاينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ بېرىپ، «زىيارىتى»نى باشلىغان بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

مەزكۇر زىيارەت ئۆمىكى پاكىستان ئىسلامىي ئىدېئولوگىيە كېڭىشىنىڭ رەئىسى قىبلە ئاياز، خەلقئارا دىنىي ئىشلار تەتقىقات كېڭىشىنىڭ (پاكىستاندىكى ھۆكۈمەتسىز ئورگان) رەئىسى مۇھەممەد ئىسرار مادانىي، پاكىستان دارۇل قۇرئان مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد تاييىب، پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسلام فازىل ئەلى ھەققانىي، ئىسلامىي ئىلگىرىلەش جەمئىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مۇدىرى ئاسىف لاخۇى قازى، مۇسۇلمانلار تەتقىقات مەركىزى رەئىسى ساھىبزادە سۇلتان ئەھمەد ئەلى قاتارلىق بىر تۈركۈم شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن.

پاكىستان زىيارەت ئۆمىكى 17-ئىيۇل قەشقەرگە يېتىپ بارغان بولۇپ، ھېيتگاھ جامەسىنى زىيارەت قىلغان. يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سادىق خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان قورچاق ئىمام، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى مەمەت جۇمە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پاكىستان دىنىي زاتلار زىيارەت ئۆمىكىنى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە سېكرېتارى ما شىڭرۈي، قورچاق رەئىس ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار 18-ئىيۇل ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە كۈتۈۋالغان.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ما شىڭرۈي بۇرۇنقىدەكلا خەلقنىڭ باياشات، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى، بارلىق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يالغان-ياۋىداقلارنى ئويدۇرۇپ چىققانلىقى ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىنى تەكرارلاپ بىلجىرلىغان.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، پاكىستان زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتى جەريانىدا خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قوغداشقا ئېرىشكەنلىكىگە ۋە دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى، خىتاي بىلەن پاكىستاننىڭ ياخشى قوشنىلار ئىكەنلىكىنى، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى بولسا «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىنمۇ خىتاي بىلەن، بولۇپمۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشقان.

پاكىستان ھەيئىتى ئۈرۈمچىدە شۇ كۈنى يەنە ئاق مەسچىت ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى»نى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىق قورچاق ئەمەلدار، قورچاق ئىماملار ئوخشاشلا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇپ،

يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى پاكىستان «دىنىي زاتلار زىيارەت ئۆمىكى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ۋە پاكىستان زىيارەت ئۆمىكىدىكى شەخسلەرنى ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلات، ئورگانلىرى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي، ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماسلىققا، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بايانلىرىدا ھەقىقەتنى سۆزلەشكە چاقىردى.




خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش يۆلىنىشىدە چىڭ تۇرۇش» تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا ئىسلام دىنىغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

خىتاي خەۋەرلىرى تورىنىڭ 19-ئىيۇل خەۋەر قىلىشىچە، مەزكۇر يىغىندا خىتاي مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى جى لىن ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قورچاق ئەمەلدار ئىلزات ئەخمەتجان سۆز قىلغان.

جى لىن سۆزىدە: «شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئىسلامنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەشتىكى مۇھىم ۋەزىپە» دەپ بىلجىرلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرى ئىسلام دۈشمەنلىكى (ئىسلامفوبىيا) ۋە ئۇنىڭغا قۇترىتىش ئىبارىلىرى بىلەن تولغان.

يىغىندا سۆز قىلغان قورچاق ئەمەلدار ئىلزات ئەخمەتجان يەنە: «بىز چوقۇم شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنلارنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشىمىز

كېرەك» دەپ جار سالغان.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، مەجبۇرىي ئىجرا قىلغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2018-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقى تۈنجى قېتىم ئېلان قىلىنىغانىدى. خىتاي مەزكۇر ئىسلام دۈشمەنلىكى پىلانغا ئاساسەن، ئىسلام دىنىغا قارشى تېررور سىياسىتىنى تېز سۈرئەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇندىن باشقا دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلەنگەن بولۇپ، خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي رېجىمى ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل نامlar بىلەن ئۆمەك تەشكىللەپ شەرقىي تۈركىستانىنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تاشقى دۇنياغا جار سالسا، ئىچكى تەشۋىقاتتا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»، «دىنىنى سوتسىيالىزمغا بويسۇندۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلماقتا.




ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 13 دۆلەت بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، خىتايغا قارشى كۈچى ۋە ئىتتىپاقداشلىقىنى نامايان قىلدى.

خەلقئارا خەۋەرلىرى تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋستىرالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 دۆلەت بىلەن 21-ئىيۇلدىن باشلاپ ئاۋستىرالىيەدە ئىككى ھەپتىلىك دۆلەت ھالقىغان بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر باشلىغان.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مانېۋىرغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدا كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان پوزىتسىيەسى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ كۈچى ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچىنى نامايان قىلىش ئۇسۇلىدىن بىرى ئىكەن.

مانېۋىرنىڭ ئىسمى «Talisman Saber» بولۇپ، بۇ خىل خىتايغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش 2005-يىلى باشلانغان ۋە ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى كارلوس دېل تورو بىرلەشمە مانېۋىردىن خىتايغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە دېموكراتىك قىممەت قارىشىنى قوغداش ئۈچۈن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، سىدنېيدىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسىدا مانېۋىرنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رىچارد مارلېس 800 دىن ئارتۇق ھەربىي ئاپتوموبىلنىڭ كۋېنسلاند دېڭىز قىرغىقىدىكى شەھەر بوۋېنغا كۆچمە پورت ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۇ يەنە: «بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئاۋستىرالىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى ئەڭ مۇھىم ئارقا سەپ تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مانېۋىرى بولىدۇ. مانېۋىر ئاۋستىرالىيەنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، تەقلىدىي قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۇرۇشى، شۇنداقلا سۇغا قونۇش مانېۋىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مانېۋىرغا ئاۋستىرالىيەدىن باشقا فىجى، تونگا ۋە پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسىدىن ئىبارەت تىنچ ئوكياندىكى ئۈچ ئارال دۆلىتى، فىرانسىيە، ھىندونېزىيە، ياپونىيە، كورىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئەنگلىيە، كانادا ۋە گېرمانىيە قاتارلىق 13 دۆلەت ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، مانېۋىر 4-ئاۋغۇست ئاخىرلىشىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، فىلىپپىن، سىنگاپور ۋە تايلاند كۆزەتكۈچى دۆلەت سۈپىتىدە مانېۋىرغا قاتنىشىدىكەن.



ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى قوللىغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش ھەققىدە تەكلىپ سۇندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 22-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق شىركەت ۋە شەخسلەرنى جازالاشنى مەقسەت قىلغان يېڭى قانۇن لايىھەسى ۋە تەكشۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يېڭى قەدەملەرنى تاشلىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلىۋاتقان تىرىشچانلىقلار قاتارىدا، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ۋە جىم بانكس يېڭىدىن «قۇل ئەمگىكىنى قوللىغۇچىلارنى جازالاش قانۇن تەكلىپى»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، 18-ئىيۇل قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ قانۇن لايىھەسى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» ۋە «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»نىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت جازالاش دائىرىسىنى، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلغان شەخس ۋە كارخانىلارغا قارىتىلغان جازانى كېڭەيتىش ھەمدە ئىلگىرى جازالاش تەستىقلانغان ئورۇنلار بىلەن سودا قىلىدىغان شىركەت ۋە شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىكەن. ئۇندىن باشقا بۇ قانۇن لايىھەسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق ئورۇنلار بىلەن سودا قىلىدىغان چەت ئەل شىركەتلىرىگە قارىتىلغان جازانى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان.

نۆۋەتتە، ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان شەخس ۋە كارخانىلارغا قارىتا مەجبۇرىي جازا يۈرگۈزۈش ھوقۇق بېرىلگەن بولۇپ، بۇ جازالاش تەدبىرى جازالاش تەستىقلانغان ئورۇنلار بىلەن داۋاملىق سودا قىلىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ پۇل-مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئىشلىتىشىنى توسىيالمىغان.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ: «خىتاينىڭ يوقىتىش خاراكتېرلىك رېجىمىنىڭ جىنايەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ ۋەھشىيلىكتىن پايدا ئالىدىغان شىركەتلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن.

ئاۋام پالاتا ئەزاسى جىم بانكسمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇننى ئىپادىلەپ، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ 2020-يىلى مايدا ماقۇللانغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»غا ئاساسەن، ھېچقانداق شىركەتنى جازالاشنى بەلگىلىمىگەنلىكىنى تەنقىد قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل مەسىلىگە سۇس مۇئامىلە قىلىشى ئىككى پارتىيەنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قۇل ئەمگىكىگە سېلىش مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن.



# ختاي بۇ قېتىم كۇۋەيت تاراتقۇلىرىنىڭ كۆزىنى بويىدى

ختاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر تەشۋىقاتلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم كۇۋەيت تاراتقۇلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 10 نەچچە كىشىنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرغان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى»نىڭ 22-ئىيۇلدىكى خەۋەرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ختاي رېجىمى مەزكۇر كۆز بويامچىلىق ھەرىكىتىدە، 15-ئىيۇلدىن 19-ئىيۇلغىچە كۇۋەيت تاراتقۇلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەيزىۋات ناھىيەسى، قەشقەر شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس تەييارلانغان مەسچىت، كارخانا، مەكتەپ، مەنزىرە رايونى، قەدىمىي شەھەر كونا كوچىسى، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرگەزمىسى» قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرغان.

ختاي ئاخبارات ۋاستىلىرى مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ زىيارەت مەزگىلىدە: «شىنجاڭ ياخشى جاي ئىكەن، قانچە چۈشەنگەنسېرى شۇنچە يېقىملىق بىلىنىدىكەن» دەپ ماختاپ كەتكەنلىكىنى ۋە بۇ قېتىمقى زىيارەت مەقسىتىنىڭ «ھەقىقىي شىنجاڭنى دۇنياغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەنلىكىنى جار سېلىپ، كۆپلەپ تارقاتقان.




6-نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى ئەجداد تەنتەربىيەسى فېستىۋالى 23-ئىيۇل تۈركىيەنىڭ بۇرسا ۋىلايىتى كىلىس كوجا يايلادا ئېچىلدى. پائالىيەتتە جەمئىي 16 چېدىر قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارمۇ تەكلىپ قىلىندى.

پائالىيەتكە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى ئىشتىراك قىلدى. پائالىيەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مەخسۇس چېدىر قۇرۇلۇپ، سۈرەت كۆرگەزمىسى تەرىقىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى، ئۆي-بىسات مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى، بىناكارلىق مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، زىيارەت قىلغۇچىلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

پائالىيەت داۋامىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت چېدىرىنى زىيارەت قىلغان بۇرسا پارلامېنت ئەزاسى ئوسمان مەستەنگە شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇمى ھەدىيە قىلىندى. ئۇيغۇر چېدىرىنى يەنە قىرىم تۈركلىرى فېدېراتسىيەسى ئاياللار بۆلۈمى مەسئۇللىرىمۇ مەخسۇس زىيارەت قىلدى.

نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بۇ يىلقى پائالىيەتتە 16 چېدىر ئىچىدە ئۇيغۇر چېدىرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن ئالاھىدە دىققەت قوزغىغانلىقىنى، زىيارەتچىلەرنى ئەڭ كۆپ جەلپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.




خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «ئالىي مەكتەپ پىدائىيلىرى» نامىدا ئون مىڭغا يېقىن خىتاي ئاققۇننى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغان.

خىتاي «ياشلار گېزىتى»نىڭ 25-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى 20-ئىيۇلدىن باشلاپ ئون مىڭغا يېقىن خىتاينى ئاتالمىش «غەرب تۆرىگە پىدائىي بولۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرگەن بولۇپ، بۇ يىل بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ ساندىكى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلۈشى ئىكەن.

خىتاينىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «پىدائىي»لارنىڭ 20%ى شەرقىي تۈركىستاندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. 80% ى ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە يېزا-بازارلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ بۇ يىللىق پىلانى بويىچە، ئاتالمىش «پىدائىيلار» رايوندىكى مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش، ساقلىقنى ساقلاش، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئۇلار تىزىملاتقاندىن كېيىن، بەش كۈنلۈك خىزمەتتىن بۇرۇنقى تەربىيەلەشكە قاتنىشىدىغان بولۇپ، مەشقتىن كېيىنلا پىلاندىكى ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنىدىكەن.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننى تەدرىجىي خىتايلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە، شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈش ھەرىكىتىنى 20 قېتىم تەشكىللىگەن بولۇپ، پەقەت مەزكۇر پىلان بويىچىلا 44 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلگەن.




يېقىندىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن چىن گاڭنىڭ بىر ئايدىن بېرى غايىب بولۇش ۋەقەسى خەلقئارادا كۈچلۈك كۆڭۈل بۆلۈنۈش پەيدا قىلىۋاتقاندا، يەنى سىرلىق ئىزدىن... كۆنتەرتىپكە كەلگەن بىر پەيتتە، چىن گاڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ۋاڭ يىنىڭ يېڭىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 25-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، خىتاينىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى يېڭىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىنىپ، يېقىندا تەيىنلىگەن چىن گاڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

بۇ قارار 25-ئىيۇل بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا چىقىرىلغان بولۇپ، يېقىندا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن چىن گاڭ غايىب بولغىنىغا دەل بىر ئاي بولغاندا ۋاڭ يىنىڭ قايتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئىلگىرى چىن گاڭنىڭ سالامەتلىك سەۋەبلىك ھىندونېزىيەنىڭ جاكارتادا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى يەنىلا چىن گاڭ توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋەزىپىدىن ئېلىنغانلىقى ۋە نەدە ئىكەنلىكى ھازىرغا قەدەر سىر بولۇپ تۇرماقتا.



# ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە قارشى

# نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقان خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە غەزەپ-نەپرەت بىلدۈرۈش، شۇنداقلا يەكەن ئىلىشقۇ قىرغىنچىلىقىنىڭ توققۇز يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، 26-ئىيۇل ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىشنى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىشتا ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈلدى ۋە شۇنداقلا 2014-يىلى 28-ئىيۇل يەكەننىڭ ئىلىشقۇ يېزىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىق خاتىرىلىنىپ، بايانات ئېلان قىلىندى.

ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقىتىش سىياسىتىنى ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، 2014-يىلى 28-ئىيۇل يەكەننىڭ ئىلىشقۇ يېزىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىقتا خىتاي رېجىمىنىڭ ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى، ۋاڭ يىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلارغا مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

باياناتتا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا، لاگېرلارغا سولانغان تۈركىيە پۇقرالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرىق قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئۇندىن باشقا يەنە تۈركىيەنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تۈركىيە پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار

بىرلىكنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئېلان قىلدى. ئۇ باياناتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق، جۈملىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، مەسچىتلەرنى چاققانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ خىتايغا ئالدىنىپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇپ، ئىسلامىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

نامايىش سۈتۈق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىمىنىڭ باشچىلىقىدا خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىرلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.




يېقىندىن خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋاڭ يى 26-ئىيۇل تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى ۋە تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان ۋە پرېزىدېنت ئەردوغان بىلەن كۆرۈشتى.

يېڭى شەپەق گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان 26-ئىيۇل تۈركىيەگە كەلگەن خىتاينىڭ يېڭى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» ۋە «ئوتتۇرا كارىدور» تەشەببۇسىنىڭ ماسلىشىشى، خىتاي-تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ۋە كېڭىشىش مېخانىزمىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مەشغۇلاتىغا ئەھمىيەت بېرىش، ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىق كومىتېتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىش مېخانىزمى، كونسۇل مەسلىھەتچىلىكى، ئىقتىسادىي ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا مەبلەغ سېلىشنى

ئاشۇرۇش ۋە سودىدىكى تەڭپۇڭلۇق، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇكرائىنانىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالى ۋە يەر شارى پۇل-مۇئامىلە سىستېمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنىمۇ مۇزاكىرە قىلغان.

ۋاڭ يى شۇ كۈنى يەنە پىرېزىدېنت ئەردوغان تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، پىرېزىدېنتلىق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرۈشۈشكە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدانمۇ قاتناشقان. ئاخباراتقا يېپىق ئۆتكۈزۈلگەن كۆرۈشۈش تەخمىنەن 45 مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشقان بولۇپ، پىرېزىدېنت ئەردوغاننىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلدۈرۈلگەن، كۆرۈشۈشتىن كېيىن باياناتمۇ ئېلان قىلىنمىغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئانالىز خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدا بىر ئايدىن بۇيان ئىز-دېرىكى بولمىغان ۋە تۇيۇقسىز ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتىلمەستىن ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن قىلچە مەلۇمات بېرىلمەستىن ۋەزىپىدىن ئېلىنغان، شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپ تونۇلغان چىن گاڭنىڭ ئورنىغا قايتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتى دىققەت قوزغايدىكەن.

2013-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ۋاڭ يى ئاخىرقى قېتىم 2021-يىلى 25-مارت تۈركىيەگە كەلگەن ۋە پىرېزىدېنت رەجەپ تاييىپ ئەردوغان ۋە شۇ ۋاقىتتىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى كۆرۈشتە ئىككى تەرەپ ئىگىزلىك مەنپەئەت مەسىلىسىدە داۋاملىق بىر-بىرىنى چۈشىنىش ۋە قوللاش، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق مەسىلىسىنى تەكىتلەشكەنىدى.

كۆزەتكۈچىلەر ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ كۆپلىگەن تېمىلاردا سۆھبەتلەشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سودا مەسىلىسى بارلىقى بىلدۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، تۈركىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ زىل مەسىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىكەنلىكى، تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت گۇرۇپپا يىغىنىدا، ھازىرقى ھاكىمىيەت پارتىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى رەھبىرى دۆلەت باھچەلىنىڭ مەھمۇد ئاباسقا جاۋابەن قايتۇرغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كۈچلۈك سۆزلىرى ۋە ئارقىدىنلا تىۋىتتېرىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ تۈركىيەگە كىرەلمەسلىكى ئالدىدىكى توسالغۇلارنىڭ بىكار قىلىنىشىنى تىلغا ئېلىشى ۋە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى ۋە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ۋاڭ يىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىدىمۇ بۇ مەسىلىلەرنىڭ چوقۇم تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

مۇتەخەسسىسلەر بېيجىڭ بىلەن ئەنقەرە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كۈچەيگەن بىلەن، تۈركىيەنىڭ خىتاي

بىلەن بولغان تاشقى سودا قىزىل رەقەمنى ئازايتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، 2022-يىلى تۈركىيەنىڭ خىتايغا 3 مىليارد 280 مىليون دوللارلىق مەھسۇلات ئېكسپورت قىلغانلىقىنى، ئەمما خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتنىڭ 41 مىليارد 354 مىليون دوللارغا يەتكەنلىكىنى، ئوتتۇرىدىكى بۇنچىۋالا چوڭ تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر ھەپتىلىك زىيارەتنى باشلىدى.

مەزكۇر ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، بىرلىكنىڭ ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نجات تۇرغۇن ۋە بىرلىك باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمنھاجىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، زىيارەت جەريانىدا ياپونىيەدىكى دۆلەت ئەربابلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ئاكادېمىكلار ۋە باشقا مۇھىم شەخسلەر بىلەن ئۇچرىشىش پىلانلانغان.

ھەيئەت 31-ئىيۇل زىيارەتنىڭ تۇنجى كۈنىدە ياپونىيەنىڭ سابىق ئىقتىساد ۋەزىرى سېئىشۇ ماكىنو ۋە ياپونىيە پارلامېنتىدىكى تىبەت، موڭغۇلىيە، تەيۋەن، خوڭكوڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئاكادېمىكلار، ژۇرنالىستلار بىلەن جەم بولۇپ، ياپونىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتىنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتى 8-ئاۋغۇستقىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يېرىكلىشىۋاتقان، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا.

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقىقىي خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقىي يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياмچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر: ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر: ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى: سەيپىدىن تارىم

كارىكاتۇر: رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن: شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى: ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئادرېس: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@istiqlalmedia.com<br>www.istiqlalmedia.com    www.istiqlalhaber.com<br>+90 553 895 19 33    +90 212 540 31 15<br>+90 541 797 77 00


**DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى